# 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇقەددەس ئوتىنىڭ چوغىنى يېغىش ۋە مەشئەل يەتكۈزۈشنى باشلاش مۇراسىمى نەنچاڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خۇاڭ مىڭ، لى يۈن)** 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇقەددەس ئوتىنىڭ چوغىنى يېغىش ۋە مەشئەل يەتكۈزۈشنى باشلاش مۇراسىمى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەشئەل يەتكۈزۈش دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇھىم تەشۋىقات ۋە كېڭەيتىش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كېيىنكى قەدەمدە ئاساسلىقى ھەربىي لاگېر ۋە ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان شەھەر ۋۇخەندە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەشئىلىنىڭ نامى «تىنچلىق شان ـ شەرەپ نۇرى» بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 700 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 780 گرام كېلىدۇ، بىر پۈتۈن تاشقى كۆرۈنۈشى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، چوققا قىسمى ئۆزئارا يېقىن تۇرغان ئۈچ ئوت يالقۇنىدىن شەكىللەنگەن. بۇ قېتىمقى مەشئەل يەتكۈزۈش باش تېمىسى «دوستلۇقتىن ئورتاق بەھرىلىنىش، تىنچلىقنى ئورتاق بەرپا قىلىش»، شوئارى «ھەربىيلەرنىڭ شان ـ شەرىپىنى ياردىتىش، دۇنيا تىنچلىقنى بەرپا قىلىش». تەشكىلىي ھەيئەت مەشئەل يەتكۈزۈشنى پىلانلاپ تەشكىللەپ، مۇسابىقىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىلنىڭ چوڭ تەبرىكلەش يىلى، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش يىلى بولۇشتەك ئالاھىدە تەلەپكە قارىتا، ئەڭ زور چەكتە قىسمەنلىك ئۇرۇش تەييارلىقى مەشقىگە تەسىر كۆرسەتمەي، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەي، لايىھەنى قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىپ ئەلالاشتۇرۇپ، تىرىشىپ سالماق ۋە ئاددىي ـ ساددا شەكىلدە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىچىك پائالىيەت مەيدانىدىن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا پائالىيەت ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، يېشىل، تېجەشلىك بولغان مەشئەل يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

بۇ نۆۋەتلىك ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە باشلاش بېكىتىلدى، شۇ ۋاقىتتا 100دىن ئارتۇق دۆلەتتىكى 10 مىڭغا يېقىن ھەربىي بۇ كاتتا مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ. ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە تەسىس قىلىنغان تۈرلەردە ھەربىي ئىشلار بەش تۈرى، دېڭىز ئارمىيەسى بەش تۈرى، ھاۋا ئارمىيەسى بەش تۈرى، پاراشوت بىلەن سەكرەش قاتارلىق خاس ھەربىي ئىشلار تۈرلىرى بار بولۇپلا قالماي، يەنە پۇتبول، ۋاسكېتبول، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈرلىرىمۇ بار. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى گولف توپتىن باشقا بارلىق 26 چوڭ تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ، ھازىر ھەرقايسى تەنھەرىكەت كوماندىلىرى مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىش مەشقى قىلىۋاتىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جاڭ چىڭخې: دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش قەھرىمانى



جاڭ چىڭخېنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جۈبى)** «چوڭ تاغام جاڭ چىڭخې كىچىك ۋاقتىدىلا خەلق ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت يارىتىش غايىسىنى تىكلىگەن. ئۇ 18 يېشىدىلا پارتىيەگە كىرگەن، نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، تاكى دۆلەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغۇچە نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتقان. ئۇ جەمەتىمىزنىڭ پەخرى ۋە ئىپتىخارى. مەن ئۇنى ناھايىتى سېغىندىم، ئۇنى ئەسلەيمەن!» دەپ تونۇشتۇردى 71 ياشلىق جاڭ گودۇڭ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ئۆگىنىش قىلغىلى كەلگەن پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا.

جاڭ چىڭخې 1921 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيەسى بېيشىنجۇاڭ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، خېبېي ـ خېنەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش پارتىزانلار تارماق ئەترىتىگە قاتناشقان. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، قىسمىغا ئەگىشىپ تەيخاڭشەن تاغلىق رايونىغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغان. شۇ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ئۇ كۆپ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش، «تازىلاش»قا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ھەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «يۈز تۈەن ئۇرۇشى»، خۇاڭيادۇڭنى قوغداش ئۇرۇشى قاتارلىق بىرقەدەر چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلغان، ئۇ تۇرۇشلۇق لېيەندۇيگە ھەربىي شۆبە رايونى «قورشاۋ چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئۆلگىلىك لىيەن» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن.

1945 ـ يىلىدىن كېيىن، جاڭ چىڭخې ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ لىيەنجاڭ، يىڭجاڭ، سەنمۇجاڭ، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، تۈەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، دابېيشەنگە يۈرۈش قىلىش، خۇەيخەي جېڭى، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش جېڭى ۋە چوڭ غەربىي جەنۇبنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قېتىم جەڭ تۆھپىسى ياراتقان، ئىلگىرى بىر قېتىم شەرەپ بىلەن چوڭ تۆھپە ياراتقان ھەم «دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈش قەھرىمانى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ھەربىي رايوندا چىقىدىغان «ئۇرۇش سېپى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ جەڭدىكى ئىش ئىزلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭ چىڭخې بۇيرۇققا بىنائەن ھاۋا ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن، ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ جاپالىق مەشىق قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئۇچۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. 1951 ـ يىلى، ھاۋا ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە قىسمى 2 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، قىسمىنى باشلاپ ئەندۇڭدىكى داگۇشەن ئايرودرومىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ھەر ۋاقىت چاۋشيەنگە كىرىپ ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان.

1952 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جاڭ چىڭخې شىجاڭلىققا تەيىنلەنگەن. شۇ يىلى، جۇڭگو ـ چاۋشيەن ھاۋا ئارمىيەسى سىلىڭبۇسىنىڭ قوماندان ياردەمچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ كۆپ قېتىم ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان، جەڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ھاۋا ئارمىيەسىدە تۇنجى قېتىم دۈشمەننىڭ B-26 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ئۆلگىسىنى ياراتقان.

1953 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جاڭ چىڭخې دەندۇڭدىكى سەداۋگوۋ ئايرودرومىدا ئۇچۇش مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 32 ياشتا ئىدى.

ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلدىغان يىللار ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىنقىلابىي روھى ئىزچىل يۇرتىدىكى خەلقنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشكە، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ نىڭجىن ناھىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگودىكى پۇقراۋى ئىگىلىكتە ئەڭ يوشۇرۇن كۈچى بار ناھىيە، جۇڭگودىكى خاس كەسپلەر تەرەققىياتىدىكى يۈز كۈچلۈك ناھىيە، جۇڭگودىكى ئېكولوگىيەسى ئولتۇراقلىشىشقا ماس كېلىدىغان ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى، جۇڭگودىكى ئازادە كىيىم ـ كېچەكلەر داڭلىق شەھەرچىسى، جۇڭگودىكى ئېلېكتىر سىمى، كابېل يۇرتى قاتارلىق گۈزەل ناملارغا ئېرىشتى، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلانماقتا.

# ئالتاي: يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت ساياھەتچىلەرنى خاتىرجەم ساياھەت قىلىش، رازى بولۇپ قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنت بېشىدىكى كىچىككىنە ئاممىۋى ھاجەتخانا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئالتاي ۋىلايىتى ساياھەت ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايتىپلا قالماي، ئىشنى ئىنچىكە ھالقىلاردىن باشلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، غىزالىنىش، قونۇش، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈردى.

«بۇ يىل بىز ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى سىجىل يولغا قويۇپ، ‹ئۈچ تەس بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق› (ھاجەتخانا تېپىش تەس بولۇش، ئاپتوموبىل توختىتىش تەس بولۇش، ماي قاچىلاش تەس بولۇش، ئالاقە سىگنالى راۋان بولماسلىق) مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق.» ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ليۇ كېچۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىل ئالتاي ۋىلايىتى 29 مېھمانخانا قۇرۇلۇشى تۈرىنى يولغا قويغان بولۇپ، يېڭىدىن 7000غا يېقىن كارىۋاتنى كۆپەيتكىلى بولىدىكەن؛ ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسىدىن 35نى، شەھەر، يېزىلاردىكى ئاممىۋى ھاجەتخانا ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئورۇنلىرىدىكى ھاجەتخانىدىن 1300نى يېڭىدىن سالىدىكەن ۋە ئۆزگەرتىپ سالىدىكەن؛ 14 ماي قاچىلاش پونكىتى، بەش ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قۇرۇلۇشىنى تاماملايدىكەن؛ ئورتاق بەھرىلىنىدىغان خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدە كۆچمە خەۋەرلىشىش سىگنالى قاراڭغۇ رايونى بولماسلىققا كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

ئاممىۋى ھاجەتخانىلار ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپلا قالماي، پۇقراۋى قونالغۇ مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلمەكتە. 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خۇبېيلىق ساياھەتچى ۋاڭ جىلىڭ كۆكتوقاي ناھىيەسىگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ، كۆكتوقاي بازىرىنىڭ تاراتى كەنتىدە قوندى. «بۇ يەردىكى پۇقراۋى قونالغۇنىڭ بۇنداق ياخشى سېلىنغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن، ئۆيلەر پاكىز، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىكەن، گەرچە كەنتتە بولساقمۇ، ھاجەت قىلىش، يۇيۇنۇش قاتارلىق مەسىلىلەردىن پۈتۈنلەي ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدىكەن.» ئايرىلىدىغان چاغدا، ۋاڭ جىلىڭ ئۆزىنى باسالماي ماختاپ كەتتى.

تاراتى كەنتى كۆكتوقاي بازىرىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى مەنبەسىدىكى 1 ـ كەنت، «ئېرتىش دەرياسىدىكى 1 ـ كەنت» دەپ ئاتالغان، تېخىمۇ مۇھىمى يىراق ـ يېقىندا داڭقى چىققان پۇقراۋى قونالغۇ كەنتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى 200 ئەتراپىدا ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدۇ.

«پۇقراۋى قونالغۇ ساياھەتچىلەرنى تۇرار جاي بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ساياھەتچىلەرنى گۈزەل قونالغۇ تەسىراتىغا ئىگە قىلىشى، كەلسە كەتكۈسى كەلمەيدىغان، كەتسە يەنە كەلگۈسى كېلىدىغان قىلىشى كېرەك.» كۆكتوقاي مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى كان گېئولوگىيە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تاراتى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جىڭ دۇڭچيەن مۇنداق دېدى: ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆيلەرنى بىرتۇتاش ئۆزگەرتىپ، ھويلا ـ ئارانلارنى گۈزەللەشتۈردى. بولۇپمۇ كەنتنىڭ تۇرۇبا سۈيى، يۇندى مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى.

قاتتىق دېتاللارنىڭ دەرىجىسى ئۆستى، يۇمشاق دېتاللارمۇ يېتىشىپ مېڭىشى كېرەك. جىڭ دۇڭچيەن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: كەنت تاماق ئېتىش، مېھمانساراي مۇلازىمىتى قاتارلىق تۈرلۈك تېخنىكا ـ ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى دائىملاشتۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كۈتۈۋېلىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، مۇلازىمەت ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى قونالغۇلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. «بىز پەقەت قىزغىن، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلساقلا، ئاندىن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلالايمىز، ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ قالالايمىز» دېدى كەنت ئاھالىسى گۈلپاران قابۇلقازى.

بۇ يىل 9 ـ ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تۇنجى ئالىي كەسپىي شۆيۈەن ـــ ئالتاي كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ شۆيۈەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋۇ جيەنجۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ شۆيۈەن ساياھەت باشقۇرۇش، ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى، مېھمانخانا باشقۇرۇش قاتارلىق ئالتە كەسپنى تەسىس قىلماقچى بولغان بولۇپ، بۇ يىل 600 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىدىكەن. «شۆيۈەن ئاساسلىقى يۇقىرى ساپالىق، ماھارەت تىپىدىكى ساياھەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېدى ۋۇ جيەنجۈن.

ئاقىل پۈتۈن رايون ساياھەت سۈپىتى ساياھەتچىلەرنىڭ تەسىراتىنى ئۆستۈردى، يېڭىدىن سېلىنغان مېھمانخانا، پۇقراۋى قونالغۇلار ساياھەتچىلەرنى راھەت قونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، «بوشلۇق ئاپتوبۇسى»نى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ يول يۈرۈشىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى... ئالتاي ۋىلايىتى يۇقىرى سۈپەتلىك ساياھەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى خاتىرجەم ساياھەت قىلىش، رازى بولۇپ قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 30 ـ كۈنى ۋە 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇ ئىدارە ئۈچ قېتىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش يىغىنى ئاچتى، بەنزىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، بەنزە ئەزالىرى، ھەرقايسى باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى سىياسىي يۈكسەكلىك، نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئاساسىي مەقسەت ئېڭى، ئىقتىدار سەۋىيەسى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلى، ئۇسۇل ـ چارە، خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمى قاتارلىق يەتتە جەھەتنى چۆرىدەپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى يۈزتۇرا تەكشۈردى، كۆزەتتى. پارتگورۇپپا ئەزالىرى ئىدىيەۋى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەتتە جەھەتنى چۆرىدەپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش تىزىملىكى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

«بىرىنچى تۈردىكى نەتىجە ئەمەلىيلەشىپ بولدى، بىز مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش يىغىنىدا رەتلەپ چىقىلغان مەسىلە تىزىملىكىگە ئاساسەن، ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇنىۋېرسال ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى لۇ چېندۇڭ.

«مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش تىزىملىكى بويىچە، ئاز سومملىق قەرز پۇل شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركەتلىرىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمى قۇرۇلۇشى جەھەتتە يەنە يوچۇق بار، بىزنىڭ بۇ ئىككى خىل شىركەتنىڭ خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت گۇۋاھلىق سىستېمىسىغا كىرىشى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش سالمىقىمىز يېتەرلىك ئەمەس.» بۇ ئىدارىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 1 ـ باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى لياڭ يۈۋېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشتە تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 1 ـ باشقارمىسى ماسلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئاز سومملىق قەرز پۇل شىركەتلىرى ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركەتلىرىنىڭ ئىناۋەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىغا كىرىشنى پائال ئالغا سىلجىتتى. نۆۋەتتە، ئوندىن ئارتۇق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركىتى ئىناۋەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىغا كىردى.

ئۈرۈمچى يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك چەكلىك شىركىتى بۇ قېتىم ئىناۋەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىك شىركەتلىرىنىڭ بىرى. «ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، بىز خەلق بانكىسىنىڭ ئىناۋەت گۇۋاھلىقى سىستېمىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈردۇق، بانكا بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈنۈمىمىزنى ئۆستۈردۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى خۇاڭ شىنجۈڭ.

ھازىرغا قەدەر، بۇ ئىدارە مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش تىزىملىكىدىن يەتتىنى شەكىللەندۈردى، پارتگورۇپپا بەنزىسى ۋە ئەزالىرى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ جەمئىي 99 مەسىلىنى تېپىپ چىقتى. «ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشتە تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى دەل جايىدا ئىشقا ئاشۇرغان ـ ئاشۇرمىغانلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش ـ سىناشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. بىز مەسىلە تىزىملىكىنى تۈرمۇتۈر رەتلەپ، ھەقىقىي، ئەمەلىي تۇتۇپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك» دېدى ۋاڭ كۈيرەن.

ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى، كادىرلار ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، بۇ ئىدارە مەركەزلىك تۈزەش ئېلىپ باردى ھەم تۈزىتىش دوكلاتى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىدارە يەنە باش تېما تەربىيەسى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى قەرەللىك خۇلاسىلەپ، نېمە كەم بولسا شۇنى ئۆگىنىپ، نېمە پەرق بولسا شۇنى تولۇقلاپ، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، رەسمىيەتچىلىك قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بايقالغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

# ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى پۇختا سۇچىلىق تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن نەق مەيداندا ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىدىكى قىسمەن سۇچىلىق خىزمەتچىلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى. لى پېڭشىن مۇنداق كۆرسەتتى: سۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ۋە جان تومۇرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق سېپىدىكى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن چىقىش قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا تەدبىرلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سۇ بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سۇ بايلىقى، سۇ ئېكولوگىيەسى، سۇ مۇھىتىغا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشى كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بوشلۇق تەڭپۇڭ بولۇش، سىستېمىلىق تىزگىنلەش، ئىككى قولدا كۈچەش»تىن ئىبارەت سۇ تىزگىنلەش فاڭجېنىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈش كېرەك. سۇ تېجەشتىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي مىقدارى بىلەن پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، سۇ بايلىقىدىكى ئېلىش، ئىشلىتىش، سەرپ قىلىش، چىقىرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە سۇ ئىشلىتىش شەكلىنىڭ يىرىك بولۇشتىن تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۈچەپ سۇ تېجەش تىپىدىكى كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى ئىقتىسادنى يېتىلدۈرۈپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشى سۇچىلىق تۈرى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، سۇ ساقلاش، سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەمۇرىي مېخانىزمنىڭ بازار مېخانىزمى بىلەن ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي ۋاستە ئاساس قىلىنغان سۇ تېجەش مېخانىزمى ۋە ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش مېخانىزمىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، سۇ ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، سىرخىللاشتۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، سۇ مۇھىتىنى ئاسراش ۋە سۇ ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سۇ بايلىقىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى ئۆزئارا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)